## 111750 ـ قانداق قىلغاندا ئىشنى ئاخىرىغىچە ئىلىپ بارالايدۇ؟

### سۇئال

مېنىڭ كەمچىلىكىم، مەن ھەرقانداق بىر ئىشنى باشلىسام، ئۇ ئىشنى باشلاي ياكى باشلاشنى مەقسەت قىلاي، ئۇ ئىش مېنىڭ ئىبادەت ئىشلىرىمغا ئالاقىدار بولسۇن ياكى دۇنيالىق ئىشلىرىمغا ئالاقىدار بولسۇن، مەن ئۇ ئىشنى تولۇق، مۇكەممەل ئادا قىلالمايمەن، ھەر ۋاقىت ئىش مۇكەممەل بولماستىنلا ئۇ ئىشنى ئۈزۈپ قويىمەن، تولۇق ئادا قىلالمايمەن؟، بۇ توغرىدا ماڭا كۆرسەتمە بېرىشىڭلارنى سورايمەن، سىلەرگە رەھمەت.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

سىز دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىق كۆرسەتمە بېرىش ۋە توغرا يولغا يېتەكلەشتىكى قىيىنچىلىق ئەمەس بەلكى ئادەت يۈلۈنۈشىدىكى قىيىنچىلىق بولۇپ، بۇنى ئۆزگەرتىشكە ئاغزاكى تەربىيە ۋە ۋەز-نەسىھەت قىلىش كۇپايە قىلمايدۇ بەلكى ئەمەلىي تىرىشچانلىق بىلەن تۈزۈتۈش كېرەك.

سىزدىن دەسلەپتە تەلەپ قىلىنىدىغان ئىش: مۇشۇ كەمچىلىكتىن ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن مەزكۇر ئادەتلىرىڭىزنى قەتئىي ئۆزگەرتىشىڭىز كېرەك، ئۇ بولسىمۇ: "ئىشنى مۇكەممەل بولغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇش" دەسلەپكى تەجرىبە ئۇتۇقلۇق بولغاندا، سىز بارلىق ئىشلىرىڭىزنى مۇكەممەل ئادا قىلىشقا ئاتلىنىشىڭىز مۇمكىن، بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك ئىشنىڭ سىزگە ياردىمى بولىدۇ:

1-قىلىدىغان ئىشنى بىر-بىرىگە يېقىن قىسقا باسقۇچقا ئايرىش، بۇنىڭ ھەر باسقۇچتىكى ئىشنى جۇشقۇنلۇق بىلەن تولۇق ئادا قىلىشقا، ئىشنى ئاخىرىقى باسقۇچقا يەتكۈزۈشكە تىرىشچانلىق قىلىشتا تۈرتكىسى بولىدۇ. ئۇزۇن داۋاملىشىدىغان چوڭ ئىشلار ئىنسانغا ئېغىر كېلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلارنى تۈرگە ئايرىپ قىلغاندا، ئىشنى ھەر باسقۇچتا ئۇتۇقلۇق، تولۇق ئادا قىلىش مۇمكىن بولىدۇ.

2-تېز ئادا قىلىدىغان قىسقا ئىشلارنى تاللاش، ۋاقتىدا ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۇ ئىشنى باشلاش كېرەك. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ئەي ئىنسانلار! سىلەر تاقەت قىلالايدىغان ئىشلارنى قىلىڭلار. [بۇخارى رىۋايىتى 5861-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 782-ھەدىس]. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ئىشلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ياخشى

كۆرۈلىدىغىنى ئاز بولسىمۇ داۋاملىشىپ تۇرىدىغىنىدۇر. [بۇخارى رىۋايىتى 6464-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 783-ھەدىس. ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ: "زىيان-زەخمەت يەتمەستىن داۋاملاشتۇرۇشقا قادىر بولالايدىغان ئىشلارنى قىلىڭلار" دېگەن بولىدۇ دەپ چۈشەنچە بەرگەن. بۇ ھەدىس ئىبادەتتە ئوتتۇراھال يول تۇتۇش، چوڭقۇرلاپ كەتمەستىن نورمال يول تۇتۇشقا تەۋسىيە قىلىدىغانلىقىغا دەلىل بولىدۇ. بۇ ھەدىس پەقەت نامازغا خاس بولماستىن بەلكى بارلىق ياخشى ئەمەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ". [ئىمام نەۋەۋىينىڭ مۇسلىمغا قىلغان شەرھىسى" 6-توم 70-71-بەت].

سىزنى تەربىيگە ئالاقىدار كىتابلارنى كۆپ ئوقۇشقا، ئوقۇغان كىتابلارنىڭ مۇشۇ تېمىغا ئالاقىدار مەزمۇنلىرىدىن پايدىلىنىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمىز. بۇ مەزمۇندا مۇھىم بولغان كىتابلار: دوكتۇر ناسىر ئۆمەرنىڭ «ئىرادىسىزلىك، ئۇنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ئۇنى ئىسلاھ قىلىش" ناملىق ئەسىرى، دوكتۇر مۇھەممەد مۇسا شەرىپنىڭ: "ئىشەنچنىڭ ئاجىزلىقى"ناملىق ئەسەرى قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇپ چىقىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمىز.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.